# 38468 - بىر شەھەردە بىر قانچە ئورۇندا ھېيت نامىزى ئوقۇش توغرىسىدا

## سوئال

ئىسلام جەمئىيىتى ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن چوڭ زالدىن بىرنى ئىجارىگە ئالدۇ، جامائەتنىڭ بۇ زالدىن قىرىق بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشى توغرىمۇ؟ بىلىشىمچە قاتناش ۋاستىلىرى كۆپ ۋە قولايلىق، كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجارە ئالغان زالغا يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇغىنى ياخشىمۇ ياكى قىرىق بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتكە بېرىپ، بىر قانچە جامائەت بولۇپ ئوقۇغىنى ياخشىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر بىر جايغا جۇغلىشىش مۇمكىن بولسا ئۇ ياخشى، ئەمماھەممەيلەننىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى قىيىن بولسا، ناماز ئوقۇيدىغان زالدىن قىرىق بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.